# ھەدىس ئۈنچىلىرى

عَنْ عَائِشَةَ رضي الله عنها، قَالَتْ: «كَانَ رَسُولُ اللهِ ﷺ يَقُومُ مِنَ اللَّيْلِ حَتَّى تَتَفَطَّرَ رِجْلَاهُ، فَقُلْتُ لَهُ: <لِمَ تَصْنَعُ هَذَا يَا رَسُولَ اللهِ وَقَدْ غُفِرَ لَكَ مَا تَقَدَّمَ مِنْ ذَنْبِكَ وَمَا تَأَخَّرَ؟> فَقَالَ: <يَا عَائِشَةُ، أَفَلَا أَكُونُ عَبْدًا شَكُورًا>» (متفق عليه).

### ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى

ئائىشە رضي الله عنها دىن نەقىل قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىككى پۇتى يېرىلىپ كەتكەنگە قەدەر كېچىدە قىيامدا تۇراتتى. مەن ئۇنىڭدىن: <ئى رەسۇلۇللاھ! الله سىنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنىڭ ھەممىنى مەغپىرەت قىلغان تۇرۇقلۇق نېمىگە بۇنچىۋالا قىلىسەن؟!> دەپ سورىغانىدىم، ئۇ: <ئى ئائىشە، شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن شۈكۈر قىلغۇچى بەندە بولمايمەنمۇ!> دېدى» (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس).

### ھەدىسنىڭ شەرھىسى

ئائىشە رضي الله عنها ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۇنىڭدىن باشقا ئاياللىرى باشقىلارغا قارىغاندا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۆيىدىكى ھالەتلىرىنى ئەڭ ياخشى بىلگەچكە، كاتتا ساھابىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۆيىدىكى ئەھۋالى ھەققىدە سوئال سوراش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئاياللىرىنىڭ قېشىغا ئادەم ئەۋەتەتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ كېچىدە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن قىيامدا تۇراتتى. الله تعالى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ رَبَّكَ يَعْلَمُ أَنَّكَ تَقُومُ أَدْنَىٰ مِنْ ثُلُثَيِ اللَّيْلِ وَنِصْفَهُ وَثُلُثَهُ وَطَائِفَةٌ مِنَ الَّذِينَ مَعَكَ وَاللَّهُ يُقَدِّرُ اللَّيْلَ وَالنَّهَارَ عَلِمَ أَنْ لَنْ تُحْصُوهُ فَتَابَ عَلَيْكُمْ فَاقْرَءُوا مَا تَيَسَّرَ مِنَ الْقُرْآنِ عَلِمَ أَنْ سَيَكُونُ مِنْكُمْ مَرْضَىٰ وَآخَرُونَ يَضْرِبُونَ فِي الْأَرْضِ يَبْتَغُونَ مِنْ فَضْلِ اللَّهِ وَآخَرُونَ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَاقْرَءُوا مَا تَيَسَّرَ مِنْهُ وَأَقِيمُوا الصَّلَاةَ وَآتُوا الزَّكَاةَ وَأَقْرِضُوا اللَّهَ قَرْضًا حَسَنًا وَمَا تُقَدِّمُوا لِأَنْفُسِكُمْ مِنْ خَيْرٍ تَجِدُوهُ عِنْدَ اللَّهِ هُوَ خَيْرًا وَأَعْظَمَ أَجْرًا وَاسْتَغْفِرُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ غَفُورٌ رَحِيمٌ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ سېنىڭ ۋە سەن بىلەن بولغانلار (يەنى ساھابىلەر)دىن بىر توپ ئادەمنىڭ (تەھەججۇد نامىزى ئۈچۈن) كېچىنىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسىدە، يېرىمىدا ۋە ئۈچتىن بىر ھەسسىسىدە تۇرىدىغانلىقىڭلارنى بىلىدۇ. كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى الله ئالدىنئالا بەلگىلەيدۇ، سىلەرنىڭ ئۇنى ھېسابلاپ بولالمايدىغانلىقىڭلارنى الله بىلىدۇ، الله سىلەرگە رەھىم قىلدى (يەنى كېچىدە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇشنىڭ پەرزلىكىنى) ئەمەلدىن قالدۇردى، تەھەججۇد نامىزىدىن سىلەرگە قولاي بولغىنىنى ئوقۇڭلار. الله بىلىدۇكى، بەزىڭلار كېسەل بولۇپ قالىسىلەر، بەزىلەر الله نىڭ پەزلىنى تىلەپ (يەنى تىجارەت قىلىپ) يەر يۈزىدە سەپەر قىلىدۇ، يەنە بەزىلەر الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن (يەنى تەھەججۇد نامىزىدىن) قولاي بولغىنىنى ئوقۇڭلار، (پەرز) نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، الله قا قەرزى ھەسەنە بېرىڭلار (يەنى الله نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل-مال سەرپ قىلىڭلار). ئۆزۈڭلار ئۈچۈن (دۇنيادا) قايسىبىر ياخشى ئىشنى قىلساڭلار، الله نىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ كاتتا ساۋابقا ئېرىشىسىلەر (دۇنيا بولسا پانىيدۇر، ئاخىرەت بولسا باقىيدۇر، ياخشى بەندىلەر ئۈچۈن الله نىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب ھەممىدىن ئارتۇقتۇر)، الله تىن مەغپىرەت تىلەڭلار، الله ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» (سۈرە مۇززەممىل 20- ئايەت). شۇڭا رەسۇلۇللاھ ﷺ گاھىدا كېچىنىڭ كۆپ قىسمىدا قىيامدا تۇرسا، گاھىدا كېچىنىڭ يېرىمىدا ۋە ئۈچتىن بىر قىسمىدا قىيامدا تۇراتتى چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ پەرۋەردىگارىغا بولغان ئىبادىتىنى تولۇق قىلىش بىلەن بىرگە ئۆز نەپسىگىمۇ راھەتلىنىش ھەققىنى بېرەتتى، يەنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ كېچىدە قىيامدا ئۇزۇن ياكى قىسقا تۇرۇشى ئۆزىنىڭ زېرىكمەسلىك ۋە ئاكتىپلىق ھالىتى بويىچە بولاتتى. ئۇزۇن قىيامدا تۇرغانلىقتىن ئىككى پۇتى ئىششىپ ئىچىدە قان ئۇيۇپ قېلىپ، نەتىجىدە پۇتى يېرىلىپ كېتەتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىرگە بەزى ياش ساھابىلەرمۇ كېچىدە قىيامدا تۇراتتى. مەسىلەن، ئىبنى مەسئۇد رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «مەن بىر كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇدۇم. ئۇ بەك ئۇزۇن قىيامدا تۇرغانلىقتىن يامانلىقنى قەست قىلىپ قالدىم». ئۇلار (يەنى ئىبنى مەسئۇدنىڭ ھەمراھلىرى) ئىبنى مەسئۇد رضي الله عنه دىن: «نېمە يامانلىق ئۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ سەۋر قىلغانىدەك سەۋر قىلىشقا ئاجىز كەلگەنلىكتىن ئولتۇرۇۋېلىشتىن ئىبارەت يامانلىقنى قەست قىلدىم» دەپ جاۋاب بەردى.

كېچىلىك قىيام (يەنى ناماز)نىڭ بۇنچىلىك ئۇزۇن بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ كېچىلىك نامازدا ئوقۇيدىغان قىرائەتنى ئۇزۇن قىلغان چاغدا رۇكۇ، سەجدىنىمۇ ئۇزۇن قىلاتتى. مەسىلەن، پەيغەمبەر ﷺ قىش كېچىلىرى بىر كېچىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىغا يېقىن ۋاقىت قىيامدا تۇرسا تەخمىنەن يەتتە سائەت قىيامدا تۇرغان بولىدۇ چۈنكى ئۇ كېچىنىڭ ئومۇمىي ۋاقتى 12 سائەت. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بۇ ھالىنى بىر تەسەۋۋۇر قىلىڭ! مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆز نەپسىنى سەۋرگە باسقان ۋە نەپسى بىلەن جىھاد قىلغان شۇڭا ئۇ «الله سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنىڭ ھەممىنى مەغپىرەت قىلغان تۇرۇقلۇق نېمىگە بۇنچىۋالا قىلىسەن؟» دەپ سورالغاندا: «شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن شۈكۈر قىلغۇچى بەندە بولمايمەنمۇ!» دەپ جاۋاب بەرگەن.

### ھەدىستىن چىقىدىغان پايدىلار

بىرىنچى، شۈكۈر — الله قا ئىتائەت قىلىش بىلەن بولىدۇ. ئىنسان پەرۋەردىگارىغا قانچە ئىتائەت قىلغان بولسا شۇنچە شۈكۈر قىلغان بولىدۇ. شۈكۈر ھەرگىزمۇ ئىنساننىڭ «مەن الله قا شۈكۈر ئېيتىمەن، مەن الله قا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن» دەپ قويۇشى بىلەنلا بولمايدۇ بەلكى تاقىتىنىڭ يېتىشىچە الله قا ئىتائەت قىلىپ تۇرۇپ، ئاندىن تىلدا شۈكۈر قىلىش كېرەك.

ئىككىنچى، پەيغەمبەرلەرنىڭ چوڭ گۇناھلاردىن ۋە رەزىل بولغان كىچىك گۇناھلاردىن مەسۇم (يەنى پاك) ئىكەنلىكىگە ئالىملار بىرلىككە كەلگەن لېكىن رەزىل بولمىغان كىچىك گۇناھلار ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشقان. رەسۇلۇللاھ ﷺ گە «مەغپىرەت قىلىنغان گۇناھ» دېيىلگەن بۇ ئىشلار بىزدەك ئاددىي مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن گۇناھ دېيىلمەيدىغان ئەمما الله قا يېقىن مۇقەررەب بەندىلىرىگە نىسبەتەن يامانلىق دېيىلىدىغان ئىشلاردۇر. يەنى ئەۋزەل ئىشلارنى تەرك ئېتىش ئاددىي مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن يوللۇق بولسىمۇ لېكىن رەسۇلۇللاھ ﷺ گە نىسبەتەن گۇناھ ھېسابلىناتتى. بۇ خۇددى ئالىملارنىڭ ئارىسىدىكى «ئەبرارلار (يەنى الله قا ئىتائەت قىلغۇچىلار)نىڭ ھەسەنات (يەنى ياخشى دەپ قارىغان ئىش)لىرى مۇقەررەب (يەنى الله قا ئىنتايىن يېقىن بەندە)لەرنىڭ سەييىئاتلىرى (يەنى يامانلىقلىرى)دۇر» دېگەن مەشھۇر سۆزگە ئوخشايدۇ.

ئۈچىنچى، الله بەزى بەندىلەرنىڭ سالىھ ئەمەللىرى ئارقىلىق ئىلگىرى ئۆتكەن گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئىلگىرىكى گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ۋە بەزى بەندىلەرگە ئورتاق بولسا، كېيىنكى گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى پەقەت رەسۇلۇللاھ ﷺ گىلا خاستۇر.

تۆتىنچى، پەرزلەرنى قىلىشتا نەپسى بىلەن جىھاد قىلىش پەرز، مۇستەھەبلەرنى قىلىشتا بولسا نەپسى بىلەن جىھاد قىلىش مۇستەھەبتۇر.

بەشىنچى، نەپسىنى ئىتائەتكە سەۋر قىلدۇرۇش — نەپسىگە قارشى جىھاد ھېسابلىنىدۇ. نەپسى بىلەن مانا مۇشۇنداق جىھاد قىلىش بەزى ئالىملار ئېيتقانىدەك چوڭ جىھاد بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ الله پەرز قىلغان ھىجرەت، تەييارلىق، جىھاد ۋە ئۆزىنىڭ زېمىنىغا ھۆكۈم چىقىپ قالسىمۇ چىداش... دېگەنگە ئوخشىغان نەپسىگە ئېغىر كېلىدىغان ۋە سەۋر قىلىش تەس بولغان ئىبادەتلەرنى تەرك قىلغان بىر قىسىم كىشىلەر ئېيتقانىدەك: «سبحان الله، الحمد لله، الله اكبر...» دېگەنگە ئوخشىغان كەلىمىلەرنى ئېغىزىدا دەپ قويۇش ۋە بىر قىسىم ئىبادەت شەكىللىرىنى ئورۇنلاپ قويۇش بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىش ئەمەس. دېمەك، الله پەرز قىلغان ئىبادەتنى تەرك ئېتىپ «نەپسىم بىلەن چوڭ جىھاد قىلىۋاتىمەن ياكى نەپسىمنى تەربىيىلەۋاتىمەن» دېگەنلەر — سۆزىگە ئەمەلىيىتى زىت بولغان كاززابلاردۇر.

ئالتىنچى، الله بەرگەن نېئمەت — كۇفۇرلۇق قىلىشقا ۋە نانكورلۇق قىلىشقا ئەمەس بەلكى زىيادە شۈكۈر قىلىشقا سەۋەب بولۇشى ۋاجىبتۇر.

يەتتىنچى، مۇسۇلمان كىشى كۈچىنىڭ يېتىشىچە نەفلە ئەمەللەرنى بېجىرىشى لازىمدۇر.

# يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

شۇنداق قىلىپ مەزكۇر كىشىلەر قورالللىرىنى ئېسىشقان ھالدا كەئبنىڭ قورغىنىغا كېلىشتى. كەئب ئۆيىدىن چۈشكەن چاغدا ئۇلارنىڭ يېنىدىكى قورالللىرىنى كۆرۈپ ئىنكار قىلمىدى چۈنكى كەئب بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دەسلەپتە كېلىشكەن كېلىشىم بار ئىدى. ئەبۇ نائىلە رضي الله عنه كەئبنىڭ خۇشپۇرىقىنى مەدھىيىلەپ، بېشىنى پۇراش ئۈچۈن ئىزنى سورىدى، كەئب كېرىلىپ پەخىرلەنگەن ھالدا ئۇنىڭغا ئىزنى بەردى. ئارقىدىنلا ئەبۇ نائىلە رضي الله عنه ئۇنىڭ چېچىنى تۇتۇپ ئۆزىنىڭ ھەمراھلىرىغىمۇ پۇراتتى. ئاندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم يەنە ئىزنى سورىدى، يەنە شۇنداق قىلدى. ئاندىن ئۈچىنچى قېتىم يەنە شۇنداق قىلدى ۋە بۇ قېتىمدا ئۇنىڭ بېشىنى تولۇق قاماللاپ ھەمراھلىرىغا: «بۇ الله نىڭ دۈشمىنىنى ئۆلتۈرۈڭلار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن قىلىچلار ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن چېپىلغاندا سوقۇشۇپ كېتىپ نەتىجە بولمىدى. ئاندىن مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە بىر پىچاقنى كەئبنىڭ قورساق قىسمىغا تىقتى، ھەتتاكى پىچاق ئۇنىڭ ئەۋرىتىگىچە يېتىپ باراي دەپ قالدى. كەئب شۇنداق ئېچىنىشلىق ۋارقىرىدىكى، بۇ ۋارقىراشتىن ئەتراپىدىكىلەر قاتتىق چۆچۈپ كېتىشتى. ئۇ جان ئۈزۈپ يەرگە يىقىلدى. قەلئە ئۈستىگە ئوتلار يېقىلدى لېكىن پىدائىيلار خاتىرجەم يېنىپ چىقىشتى. مۇسۇلمانلارنى پاراكەندە قىلغان پىتنە ئوتى ئاخىرى ئۆچۈرۈلدى. يەھۇدىيلارنىڭ «چايان»لىرى ئۇزۇن زامان ئۇۋىسىغا كىرىپ كەتتى.

### يۇقىرىقىلاردىن ئېلىنىدىغان پايدىلار

بىرىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئىستىخبارات ۋە خەۋپسىزلىك ئىشلىرىنى ئالاھىدە تەرتىپ بىلەن ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقى.

ئىككىنچى، كۇفرى ئومۇمىي جەھەتتىن كىچىك كۇفرى (يەنى دىندىن چىقىرىۋەتمەيدىغان ۋە دوزاختا مەڭگۈ قېلىشقا سەۋەب بولمايدىغان كۇفرى) ۋە چوڭ كۇفرى (يەنى دىندىن چىقىرىۋېتىدىغان كۇفرى) دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. چوڭ كۇفرىنى ئىشلىگەن كاپىر ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى، ئەسلىي كاپىر (يەنى ئاتا-بوۋىسىدىن تارتىپ كاپىر بولغانلار)؛ يەنە بىرى بولسا مۇرتەد كاپىر (يەنى مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن كاپىر بولغانلار).

مۇرتەد كاپىر ئاددىي مۇرتەد ۋە مۇرەككەپ مۇرتەد دەپ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. ئاددىي مۇرتەد دېگىنىمىز — قولغا چۈشۈشتىن بۇرۇن ياكى كېيىن بولسۇن ئۆلتۈرۈلمەيدىغانلار لېكىن تەۋبە قىلمىسا دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغانلاردۇر. مۇرەككەپ مۇرتەد دېگىنىمىز — قولغا چۈشۈشتىن بۇرۇن تەۋبە قىلسا ئۆلتۈرۈلمەيدىغان، قولغا چۈشكەندىن كېيىن تەۋبە قىلسا ئۆلتۈرۈلىدىغان لېكىن چىن تەۋبە قىلسا ئاخىرەتتە جەننەتكە كىرىدىغان ئەمما بۇ دۇنيادا تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدىغان ئۆلتۈرۈلىدىغان كىشى بولۇپ، بۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ نى تىللاپ كاپىر بولغان ياكى رەسۇلۇللاھ ﷺ نى تىللىماستىن ئادەتتىكى كۇفرى ئىشنى سادىر قىلىپ، بۇنىڭغا قوشۇپ مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈش ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ نومۇسلىرىغا تاجاۋۇز قىلىش دېگەنگە ئوخشىغان ئۆلۈم كېلىدىغان جىنايەتنى قوشقان مۇرتەدلەر — مۇرەككەپ مۇرتەد دېيىلىدۇ چۈنكى شەرىئەتتە ئىنساننىڭ ئىشلىرى بېخىللىق ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر. الله نىڭ ئىشلىرى بولسا كەڭچىلىك، ئۆتۈۋېتىش ۋە ئەپۇچانلىق ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر. الله نىڭ ھەققىنى الله ئۆتۈۋەتكەن بىلەن، ئىنساننىڭ ھەققىنى شۇ ئىنسان ئۆزى ئۆتۈۋەتمىگۈچە الله ئۆتۈۋەتمەيدۇ شۇڭا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھەققى ئىنساننىڭ ھەققى قاتارىغا كىرىدۇ.

ئەسلى كاپىرمۇ يەڭگىل ئەسلى كاپىر ۋە ئېغىر ئەسلى كاپىر دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئېغىر ئەسلى كاپىر دېگىنىمىز — رەسۇلۇللاھ ﷺ نى تىللىغان ياكى مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈشكە قاتناشقان كاپىرلار ئېغىر ئەسلى كاپىر دېيىلىدۇ. ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى كۇفرىلىقىغا رەسۇلۇللاھ ﷺ نى تىللاش ياكى مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈش دېگەنىدەك ئىشلارنى قوشمىغان كاپىرلار يەڭگىل ئەسلى كاپىرلار دېيىلىدۇ. كەئب ئىبنى ئەشرەف دەل مۇشۇ ئېغىر ئەسلى كاپىرلارنىڭ ھەتتاكى كاپىرلارنىڭ ئىماملىرى (يەنى باشلىقلىرى، كاتتىۋاشلىرى)نىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئۈچىنچى، ئېغىر ئەسلى كاپىر دېگەن زىياننى يوقىتىش ئۈچۈن پىدائىي مۇجاھىدلارغا بىر قىسىم يەڭگىل كۇفرىلىقنى ئىشلەش دۇرۇس بولىدى. مانا بۇ — شەرىئەتتىكى «ئىككى زىياننىڭ بىرىنى تارتىشقا قىستالغاندا يەڭگىلىنى تارتىش ئارقىلىق ئېغىرىنى چېكىندۇرۇش دۇرۇس» دېگەن فىقھى قائىدىنىڭ دەلىلىدۇر لېكىن كۇفرى سۆزنى سۆزلەش توغرا كەلگەندە ئىمكانقەدەر ئىككى بىسلىق سۆزنى سۆزلەش لازىمدۇر چۈنكى بەزى ئالىملار ئىككى ساھابىنىڭ كەئبگە قىلغان سۆزىدىكى «بۇ ئادەم بىزدىن تولا سەدىقە سوراپ چارچىتىۋەتتى» ۋە «بىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قاپتىمىز» دېگەنىدەك دىنغا كىرگەنلىكىدىن پۇشايمان قىلىش سۆزلىرىنى يەڭگىل كۇفرىلىق دەپ قارىغان. مانا بۇ ئىشلار شەرىئەتتىكى «زۆرۈرىيەت بىر قىسىم ھاراملارنى ھالال قىلىدۇ» دېگەن فىقھى قائىدىگە دەلىلدۇر.

تۆتىنچى، پەيغەمبەرنىڭ يولى — نۆۋەتى كەلگەندە ھېكمەت ۋە گۈزەل

(ئاخىرى 3- بەتتە)





(بېشى 2- بەتتە)

نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلىش بولسا، يەنە نۆۋىتى كەلگەندە ئادالەت ۋە ھەق بىلەن ھاكىملىق قىلىشتۇر؛ نۆۋىتى كەلگەندە كەسكىنلىك بىلەن جازا يۈرگۈزۈش بولسا، شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە مېھرىبانلىق بىلەن قورالللىق جىھاد قىلىشتۇر.

بەشىنچى، گۇناھسىز كىشىگە زىيان يەتكۈزمەيدىغان ۋە ھەقنى ئۆزىنىڭ ئەھلىگە قايتۇرىدىغان ياكى دۈشمەننىڭ سۇيىقەستلىرىنى بۇزۇۋېتىشنى مەقسەت قىلغان ھىيلە-مىكىر قىلىش — شەرىئەت تەلەپ قىلغان ۋە ئۆرپ-ئادەت يولغا قويغان ئىشتۇر چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇرۇش دېگەن تاكتىكىدۇر» دېگەن.

ئالتىنچى، يەھۇدىيلارنىڭ تاغۇتى كەئب ئىبنى ئەشرەفنىڭ ھالاك قىلىنىشى بولسا پۈتۈن يەھۇدىيلارغا كۈچلۈك بىر رىسالە (يەنى ئۇقتۇرۇش، بايانات، خىتاب ۋە چاقىرىق) بولدى. بۇ رىسالە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، مەدىنە مۇنەۋۋەردىكى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بىخەتەرلىك گۇرۇپپىسى قانۇندىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى قوغلاشتا بىۋاسىتە ياكى ۋاستىلىق كۈچ ئىشلىتىشتىن بوشىمايدۇ، رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن يەھۇدىي قەبىلىلىرى ئوتتۇرىسىدا دەسلەپتە تۈزۈلگەن ئەھدىگە خىلاپلىق قىلغان كىشىلەرنى جازالاشنى ھەرگىزمۇ كېچىكتۈرمەيدۇ. دېمەك، جىھادىي جامائەت ئىسلامىي جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان خەلقلەر بىلەن ئىسلامىي ھاكىم ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن ئاساسىي قانۇن ۋە ئەھدىلەرنىڭ ئابرۇيى ۋە ئىشەنچىسىنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىشى تولىمۇ زۆرۈر.

يەتتىنچى، ئۇرۇش جىنايەتچىسى كەئب ئىبنى ئەشرەفنىڭ جىنايەتلىرى:

1. رەسۇلۇللاھ ﷺ گە بەزى سوئاللارنى تاشلاش ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئورۇنسىز جېدەللىشىش ئارقىلىق قەستەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈش ۋە تېرىكتۈرۈشكە ئۇرۇنۇش.

2. رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئۇرۇش ئېچىشقا ئاشكارا قۇترىتىش.

3. ساھابىلەرنىڭ ئاياللىرىنى نىشانلاپ تۇرۇپ شېئىر ئوقۇش.

4. بەدردە ئۆلگەن قۇرەيشنىڭ كاتتىلىرىغا يىغلاپ شېئىر ئوقۇپ، قۇرەيشلەرنىڭ ئىنتىقام ئېلىشقا بولغان غەزىپىنى قوزغاش.

5. رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە مۆئمىنلەرنى ئاشكارا ھەجۋىيلەشتۈرۈش.

6. مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش ئېچىش ئۈچۈن قۇرەيش بىلەن قەسەملىشىش.

7. رەسۇلۇللاھ ﷺ نى قەستلەشكە ئۇرۇنۇش.

مانا بۇ يەتتە تۈرلۈك جىنايەتنىڭ ھەر بىرى مەدىنىنىڭ ھاكىمى رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن مەدىنىدە ياشاۋاتقان كاپىر قەۋملەر ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن ئاساسىي قانۇنغا ئوچۇق خىلاپلىق قىلغانلىق بولۇپ، بۇ جىنايەتنى ئىشلىگەنلەر ئۆلۈمگە ھەقلىق بولاتتى.

سەككىزىنچى، ساھابىلەرنىڭ پىدائىيلىق ئەمەلىيەتلىرىگە ۋە ئالاھىدە قىسىم ھەرىكەتلىرىگە بەس-بەستە ئالدىرايدىغانلىقى.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

✽✽✽✽✽✽✽✽✽✽✽✽




## قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى خاۋارىجلار

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

3. ھىجرىيە 300- يىلىدىن كېيىنكى پۈتۈن ئىسلامىي دەۋرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە كۇفۇر ۋە جاھىلىيەت دەۋرلىرىدۇر چۈنكى ئۇلار: «شۇ دەۋر كىشىلىرى الله نى قويۇپ تەقلىد (يەنى ئۆرپ-ئادەت ياكى مۇجتەھىد ئالىملارنىڭ پەتىۋالىرىنى دەلىل سۈرۈشتە قىلماستىن تۇتۇش) دېگەن بۇتنى ئۇلۇغلىغان. ئەسلىدە مۇسۇلمان دېگەن مەيلى ئەقىدىۋىي ياكى فىقھى ھۆكۈم بولسۇن ھەر قانداق دىنىي ئەھكاملارنى باشقىلارغا تەقلىد قىلماستىن دەلىللىرىنى بىلىپ تۇتۇشى كېرەك» دەپ قارىشىدۇ.

4. ھەتتا تۆت خەلىپىنىڭ بىرى بولغان تەقدىردىمۇ ھېچبىر ساھابىنىڭ سۆزى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ھۆججەت ھېسابلانمايدۇ.

ئىككىنچى، ھىجرەت — بۇ جامائەتنىڭ ئىدىيىسىدىكى ئىككىنچى ئاساسىي يىلتىز بولۇپ، ئۇلار بۇ ئاساس ئارقىلىق جاھىلىيەت جەمئىيىتىدىن ئۆزلىرىنى چەتكە تارتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ھازىرقى جەمئىيەتلەرنىڭ ھەممىسى جاھىلىيەت جەمئىيەتلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى ھىجرەت ياكى ئىزلەت (يەنى چەتنەپ تۇرۇش) ماكان جەھەتتىكى ھېسسىي چەتنەش بولۇپ، ئۇلار: «خۇددى رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە ساھابىلەر مەككە دەۋرىدە ياشىغاندەك بىزمۇ جامائەت بولۇپ ھەقىقىي ئىسلامىي ھايات تولۇق گەۋدىلىنىدىغان بىر شارائىتتا تۇرمۇش كەچۈرۈشىمىز كېرەك» دېيىشىدۇ.

ئۇلار يەنە: «مۇسۇلمانلار ۋە ئىسلام بوزەك قىلىنىۋاتقان بۇ باسقۇچتا <مۇسۇلمانلار جامائىتى (ئەمەلىيەتتە ھىجرەت تەكفىر جامائىتى)>گە كىرىش ئارقىلىق خەلقتىن ھېسسىي جەھەتتە ئايرىلىپ ئىسلامغا بولغان ساداقىتىنى كۈچەيتىش كېرەك ھەمدە يېتەرلىك كۈچ-قۇۋۋەتكە ئېرىشىپ بولغۇچە جىھادتىن توختاشلىرى كېرەك» دەپ قارىشىدۇ.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# پايدىلىنىش بىلىملىرى

(چاتما ماتېرىياللار)




## ئافغانىستان ۋاخان كارىدورىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

راھمانقۇل بىزنى ئۆزىنىڭ تۇرالغۇسىغا تەكلىپ قىلدى ۋە بىز ئۇ يەردە بەش كۈن ياخشى مېھمان بولدۇق. يازنىڭ ئوتتۇرىدىكى ۋاقىتلار بولسىمۇ بۇ يەردە قار ئۇچقۇنلىرى ۋە سوغۇق شامال ئادەمنى بىئارام قىلاتتى. بىز بۇ يەردىكى كۈنلىرىمىزنى جەنۇب تەرەپتىكى تاغقا چىقىش بىلەن ئۆتكۈزدۇق ۋە 5500 مېتىردىن ئېگىز بولغان چوققىلاردىن بىر قانچىگە يامىشىپ چىقىپ بولدۇق. ۋاخان كارىدورىنىڭ شەرقىي بۆرجىكىدە تۆت دۆلەت چېگراسى ئۆزئارا ئۇچرىشىدىغان بولۇپ، ئۇلار تاجىكىستان، ئافغانىستان، شەرقىي تۈركىستان ۋە پاكىستان چېگرالىرىدۇر.

تۇرالغۇمىزنىڭ جەنۇب تەرىپىدە تەرگان (Tergan) جىلغىسى ئورۇنلاشقان بولۇپ، بۇ جىلغا تاغدۇمباش پامىرغا تۇتىشىدىغان كىچىك جىلغىلارنىڭ بىرىدۇر ۋە بۇ جىلغىلار ئارقىلىق كىچىك پامىردىن شەرقىي تۈركىستانغا كىرىدىغان ئېگىز ئۆتۈشمىلەرگە بارغىلى بولىدۇ. جىلغىنىڭ باش تەرىپى دېڭىز يۈزىدىن 5500 مېتىر ئېگىز بولۇپ، بۇ يەرگە يېقىن ئەتراپتىكى سۇيى سۈزۈك بىر دەريانى سۇ بىلەن تەمىنلەپ بېرىدىغان چوڭ مۇزلۇق ئورۇنلاشقان. يان تەرەپتە نۇرغۇنلىغان جىلغىلار بولۇپ، ئەڭ چوڭ جىلغىدا چوڭ بىر مۇز پارچىسى دەريا ئېقىنىنى ئېتىۋالغانلىقى ئۈچۈن دەريا سۇيى بۇ تەبىئىي توسمىدىن ئايلىنىپ ئۆتەتتى. بىزنىڭ ئېسىل قوتازلىرىمىزمۇ بۇ مۇز پارچىسىدىن ناھايىتى تەستە ئايلىنىپ ئۆتتى. جىلغىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكى 4500 مېتىردىن 5500 مېتىرغىچە يۇقىرىلاپ ماڭىدۇ ۋە بۇ ئېگىزلىك بۇ رايونلاردىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشىگە ماس كەلگەن ئېگىزلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكى ھېسابلىنىدۇ.

بىز جىلغىلاردىن بىرىگە ياماشقان ۋاقتىمىزدا تۇيۇقسىز تاش گۈمۈرۈلۈپ چۈشتى، بەختىمىزگە يارىشا ھېچقايسىمىز يارىلانمىدۇق. قۇياشنىڭ ھاراريتى تاشلارنى ئىللىتقان چۈشتىن بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا پات-پات تاش گۈمۈرۈلۈشتىن چىققان ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ.

بىز راھمانقۇل بىلەن ۋاخان كارىدورى ھەققىدە ناھايىتى قىزغىن پاراڭلاشتۇق. بۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا (20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا) ۋاخان كارىدورىدا باھار پەسلىدە يامغۇر، قىش پەسلىدە مول قار ياغاتتى لېكىن بۇ ئەسىرنىڭ 50- يىللىرىغا كەلگەندە يامغۇر ۋە قارنىڭ مىقدارى ئازلاپ كەتتى. مۇزلۇقلارمۇ پەقەت ئېگىز جىلغىلاردىلا قېلىپ قالدى. بۈگۈنكى كۈندە مۇزلۇقلار سۇ بىلەن تەمىنلەۋاتقان دەريالارنى بىر قانچە يىلنىڭ ئالدىدا ئەڭ كامىدا يازنىڭ ئوتتۇرىغىچە ئېرىگەن قارلار سۇ بىلەن تەمىنلەيتتى. ھۆل-يېغىننىڭ ئازلاپ كېتىشى ئوتلاقلارغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى ۋە قىرغىزلارمۇ تۇنجى قېتىم ئوتلاقلارنى زىيادە ئىشلىتىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان مەسىلىلەرگە يولۇقتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شەرقىي ۋاخاندا 2700 ئەتراپىدا كۆچمەن چارۋىچىلار بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ 3000 تۇياق ئەتراپىدا قوتازلىرى ۋە 30000 تۇياق ئەتراپىدا قويلىرى بار ئىكەن. ئاقئۆي ۋە قەغەز ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ياغاچ ماتېرىياللىرى ناھايىتى كەم بولۇپ، بۇ ماتېرىياللار يىراق غەربىي ۋاخان رايونلىرىدىن ئېلىپ كېلىنىدۇ.

ئاۋغۇستنىڭ ئوتتۇرىلىرى بىز راھمانقۇل بىلەن خوشلىشىپ بىشۇتىك كۆلىدىن ئاتلىق ئۆتتۇق ۋە تاجىكىستان چېگراسىنىڭ شىمالى تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان كىچىك پامىر جىلغىسى ئەتراپىغا قايتتۇق. بۇزۋېگۇمبەزنىڭ شىمالىدا بىز غەربىي شىمال يۆنىلىشىدە مېڭىپ ۋارم (Warm) ئۆتۈشمىسى ئارقىلىق ۋارم مۇزلۇقىدىن ئۆتۈپ سىپەتغىز (Spadghiz) جىلغىسىغا كىردۇق. بۇ جىلغا ئادەمسىز رايون بولۇپ، بۇ يەرگە دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5000 مېتىردىن ئاشىدىغان كەڭ مۇزلۇق جايلاشقان، بۇ يەردە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مىقدارى بىزنىڭ پەرەز قىلغىنىمىزدىنمۇ ئاز بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن ئېرىق بويلىرىغا جايلاشقان شالاڭ ئوت-چۆپلەر ئىدى. ئەڭ ئاخىرىدا بىزنىڭ يولىمىز ئىلگىرى شەرقىي ۋاخان تەرەپكە بېرىش جەريانىدا مۇشەققەت بىلەن كېچىپ ئۆتكەن باخاراك دەرياسى يۆنىلىشى بويىچە جەنۇب تەرەپكە بۇرۇلدى.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)




تۆۋەندىكى تېپىشماقلارنى قېنى كىم تېز ۋە توغرا تاپالايدۇ؟

1. قاراڭغۇدا كۆرۈنەر، تاڭ ئاتقاندا مۆكۈنەر. ئۇ نېمە؟

2. توختىمايدۇ ماڭىدۇ، بېرىدۇ ھەم ئالىدۇ. ئۇ نېمە؟

3. تۆۋەندىكى شېئىرىي تېپىشماقنى تېپىپ بېقىڭ:

ئۇزۇن ئارقان تۇتاشقىنى، مۆكۈشىدۇ، كۆرۈشمەيدۇ،
ئاداۋىتى بارمىكىن تاڭ؟! بىر سورۇندا كۆلۈشمەيدۇ.
ئۈچرىشاي دېگەندە قىزىرىشىپ جىمىقىدۇ،
رەببىمىزنىڭ پىلانى بۇ، سىرلىرىنى كىم بىلىدۇ؟

ئالدىنقى ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى:

1. ئاياغ.
2. غەلۋىر.
3. جەمئىي تۆت مۈشۈك.

